يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئاكتىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، ھازىر يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە - ئۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھازىرقى يۇقۇم ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخىكىسى، بوشىشىپ قېلىش روھىي ھالىتىدىن جەزمەن يۈكسەك ھوشيار بولۇشنى تەكىتلىدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەردىن جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىشنى، چىشنى چىڭ چىشلەپ، داۋاملىق قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇشنى، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقنى تەلەپ قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، جەڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشتا مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەش ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقۇم راۋاجىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى تېخى يېتىپ كەلمىدى، خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ. پۈتۈن مەملىكەتتە كۆپ ساندىكى جايلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەگىشىپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كېڭىيىپ كېتىش مەسلىكىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا، بوشاڭلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، سىجىل كۈچ سەرپ قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر، جەزمەن «قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان» چەداملىق، «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە يۇرتىغا قايتمايدىغان» جان تىكىپ ئېلىشىش غەيرىتى ئارقىلىق، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسى ۋە تەدبىرلىرىنى دەل ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، جەڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتىپ، بۇ مەيدان كۈرەشتە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش كېرەك.

نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، جەڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتىشتە، جەزمەن يۇقۇم ئېغىر ياكى خەۋپ - خەتەر بىرقەدەر زور رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. خۇبېي ۋە ۋۇخەن يەنىلا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، ۋۇخەن غەلىبە قىلسا، خۇبېي غەلىبە قىلىدۇ، خۇبېي غەلىبە قىلسا، پۈتۈن مەملىكەت غەلىبە قىلىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يەتتە تۈرلۈك تەلەپنى جەزمەن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خۇبېينى قوغداش ئۇرۇشى، ۋۇخەننى قوغداش ئۇرۇشىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىپ، شەھەر - يېزا مەھەللىلەردە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، ھەققىي تۈردە قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، يۇقۇمنىڭ سىرتقا كېڭىيىپ كېتىشىنى قەتئىي توسۇپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن تېببىي خادىملار ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار بىلەن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، كۈچى ئاجىز رايونلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. پايتەختنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مەسئۇلىيەت ئېغىر، زور. بېيجىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھالقىنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، بېيجىڭغا كىرىشتىكى بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسىنى چىڭ ساقلاپ، ساغلاملىقنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە خادىملارنى باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېي رايونىدا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم مەنبەسىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ تەسىر يەتكۈزۈش دائىرىسىنى قەتئىي كونترول قىلىش كېرەك.

نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، جەڭ نەتىجىسىنى كېڭەيتىشتە جەزمەن قىلچە بوشاشماي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق ھالقىلارنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. تېببىي خادىملار يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى تايانچ كۈچ، ئۇلارغا بولغان قوغداش، كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇشنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، پسىخىكىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، مائاش تەمىناتى، ۋاقىتلىق خىزمەت ياردەم پۇلى، سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئە ياردەم پۇلى تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىدىن خالاس بولۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى باشتىن - ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچنى ساقلاپ، سىجىل ساغلام ھالەتتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندۇرۇش كېرەك. ئۇنىۋېرسال كۆپ پەن كۈچلىرى ئارقىلىق پەن تەتقىقات ئۈستىدە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دورا ۋە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۈنۈملۈك دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش، كېڭەيتىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى چوڭقۇر خەۋەر قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە كۆرۈلگەن بىخ خاراكتېرلىك، خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، داۋالاش تەرتىپى، يۇقۇمدىن ساقلىنىش تەرتىپى، بازار تەرتىپى، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، خەلقئارا ۋە رايون ھەمكارلىقىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى نۇقتىلىق ھالقىلاردىكى خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىپ، ئوخشاش يۆنىلىشتە كۈچ چىقىرىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. قانچىكى ئەڭ كۈچەيدىغان ۋاقىتتا، شۇنچە بىرلا غەيرەتكە كېلىدىغان ئىرادە بولۇشى، شۇنچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك. تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىشەنچ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن سىجىل جەڭ قىلىپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇسالا، بىز چوقۇم بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 - بەتتە)

مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىقى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قاتارلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ ھەم ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئېغىر، زور كېسەللىك - ھاشارات زىيىنى ۋە ھايۋانات يۇقۇم كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەققىي تۈردە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، تېرىقچىلىق مەزگىلى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقى ۋە كۈزگى زىرائەتلەر ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى تەمىناتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزغا چىقىشى قاتارلىق توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، شارائىتى بار جايلارنىڭ قوش پەسىللىك شالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىلھام بېرىپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆكتات، چارۋامال، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېڭى، تىرىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش يېشىل يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تىرىك چوشقا قوتان قالدۇقىنى تولۇقلاش، كۆپەيتىش ئىقتىدارىنى تېزلىتىپ، باقمىچىلىق مەيدانى ئاھالىلىرىنى يۆلەشنى زورايتىش سىياسىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسىلى ۋە كېسەللىك - ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنى كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، دېھقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىقى قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەكشى، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

مەملىكەتلىك ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇ چۈنخۇا يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يازلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ساقلىنىۋاتقان خەۋپ - خەتەر، يوشۇرۇن ئاپەتنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش، قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، چوشقا گۆشى بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ تەسىرگە دەل جايىدا ھۆكۈم قىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنىڭ قەرەلىدە تاماملىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دېھقانلارنى دېھقانچىلىق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئەتىيازلىق باشقۇرۇش، ئەتىيازلىق تېرىقچىلىقنى ياخشى تۇتۇپ، ئېتىز ئىشلىرىنى تەرتىپلىك باشلاشقا، ئېتىز ئىشلىرىنى ۋاقىت ئايرىپ باشلاشقا، تارقاق ئىشلەشكە يېتەكلەش كېرەك. تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكا قائىدىسى ۋە يېتەكچى پىكرىنى تۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنى جانلىق تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ماشىنا مەشغۇلات كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ ئەمگەك قىلىشىنى ئازايتىش كېرەك. ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا رايى، ئېغىر، زور كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى ۋە ئېغىر، زور ھايۋانات كېسەللىكلىرىنى كۆزىتىش - تەكشۈرۈش، ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ زور چەكتە يېنىكلىتىش كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تۈر مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىناۋەتلىك قەرز ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى قوللاش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، دېھقانلارنى سىياسەت خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا كۈچ قوشۇش كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار تەلەپلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىگىلىككە چېتىشلىق كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشتىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھالقىلىرى ۋە ترانسپورت ئەشيا ئوبوروتىدىكى توسۇلۇش نۇقتىلىرىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىككە چېتىشلىق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىلىشى، بازارغا راۋان سېلىنىشى، تەرتىپلىك تەمىنلىنىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرى ۋە كونكرېت ۋەزىپىلەرنى يېزا - بازار، كەنت گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ ماسلىشىپ، ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ماسلىشىپ ھەل قىلىپ، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش ۋە ماددىي ئەشيا كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ھەر مىللەت ئاممىنى تەشكىللەپ، سەپەرۋەر قىلىپ، ئوخشاش مەقسەتتە، ئوخشاش يۆنىلىشتە، ئوخشاش قەدەمدە بولۇپ، ئوخشاش كۈچ چىقىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، كىشىلەر قەلبىنى تېخىمۇ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەلرايىنى تېخىمۇ مۇجەسسەملەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

دوستلۇقنى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلدى، مەن بۇنىڭغا قارىتا رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالقىشلايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توستى. بىزنىڭ بوشاشماي تىرىشىشىمىز ئارقىسىدا، نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا تولۇق ئىشەنچىسى بار، ئىقتىدارى بار، كۆزى يېتىدۇ. بىز پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇۋاتىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپلا قالماي، يەنە دۇنيانىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن - ئاخىر ئوچۇق، ئاشكارا، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە ھەققىي ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى پۇقرالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا ئائىت ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار توغرىسىدا زىچ ئالاقىنى ساقلاشنى، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇلتۇر تەخت ۋارىسى ئالىيلىرىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مەن سىز بىلەن مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، يېڭى دەۋردە ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسەتتۇق، ئۇلۇغۋار پىلان تۈزدۇق. جۇڭگو تەرەپ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدە ئېنېرگىيە، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، پۇل مۇئامىلە، سېلىنما، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋردە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

مۇھەممەد ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇھەممەد مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى جۇڭگونىڭ دوستى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھى، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ ھەم داۋاملىق جۇڭگو تەرەپكە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى خەلقى قېرىنداش جۇڭگو خەلقى بىلەن قەتئىي بىللە تۇرۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا قوللاش ۋە ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تەكلىپ بويىچە ئېفىيوپىيە زۇڭلىسى ئابىي بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو خەلقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان مۇھىم پەيتتە، زۇڭلى ئەپەندى ئىككى قېتىم خەت ئەۋەتىپ ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھەم مەن بىلەن تېلېفونلىشىپ، جۇڭگو - ئېفىيوپىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلاردىن بولۇشتەك چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىنى ۋە ئۆزئارا مەدەت بېرىدىغانلىقنى نامايان قىلدى. ئېفىيوپىيە تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن جۇڭگو تەرەپ بىلەن نورمال مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىنى ساقلاپ، جۇڭگو تەرەپكە بولغان ئىشەنچىنى نامايان قىلدى. بىز بۇنى ئالقىشلايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىشى. بىز جۇڭگو خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەمىز بىلەن، پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ ئەترابلىق، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل، ئەڭ قاتتىق بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىجابىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ياخشى يۈزلىنىش كۆرۈلدى. يۇقۇم جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم تەرەققىي قىلىشتىكى پۇختا ئاساسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. بىزنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بەلگىلەنگەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، كۆزىمىز يېتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2014 - يىلى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، باشلامچىلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئېبولا يۇقۇمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا پائال تۆھپە قوشتى. بۇ قېتىم ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە خەلقى تۈرلۈك شەكىل بىلەن جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى قوللاپ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولىدىغان، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى جانلىق شەرھلىدى. ھازىر، ئافرىقا دۆلەتلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىمۇ نۇرغۇن خىرىسقا دۇچ كەلدى، جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا دۆلەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش تەجرىبە دورىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىددىي ئېھتىياجلىق داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ «سەككىز چوڭ ھەرىكەت»تىكى سەھىيە ساغلاملىق ھەرىكىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئافرىقا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - كونترول قىلىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - ئافرىقا ئاممىۋى سەھىيە ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئۆز بالىسىنى ئاسرىغاندەك، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېفىيوپىيە قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، جۇڭگو - ئېفىيوپىيە، جۇڭگو - ئافرىقا دوستلۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاۋاتىدۇ. مەن زۇڭلى ئەپەندى ۋە باشقا ئافرىقا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو - ئېفىيوپىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - ئافرىقا خەلقىگە ھەققىي بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

ئابىي ئېفىيوپىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابىي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ھەم يۇقۇمنىڭ جۇڭگودا يامرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى - تىزگىنلىدى، ھەم يۇقۇمنىڭ دۇنياغا تارقىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. خەلقئارا جەمئىيەت رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدىكى كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ۋە جۇڭگونىڭ ھەرىكەت كۈچىنى كۆرۈپ، ئومۇميۈزلۈك قايىل بولدى ۋە ئالقىشلىدى. ئېفىيوپىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىپادىسىدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئىپتىخارلىنىدۇ. ئېفىيوپىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دانا ۋە كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا، ھەم يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. جۇڭگو ئېفىيوپىيەنىڭ يېقىن دوستى ۋە قېرىندىشى، ئېفىيوپىيە ئېھتىياجلىق بولغاندا، جۇڭگو ئەزەلدىن يېنىدا بولغان. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئېفىيوپىيە خەلقىمۇ جۇڭگو خەلقى بىلەن بىللە تۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتتە ھەمدەم بولىدۇ. ئېفىيوپىيە تەرەپ ئېفىيوپىيە - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ئافرىقا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

دەل شۇنداق بولغاچقا، يۇقۇم ۋەزىيىتى قانچە پەسىيىشكە يۈزلەنسە، بىز تۆۋەن چەك تەپەككۇرىمىز ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىمىزنى شۇنچە كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يەنىمۇ تولۇقراق مۆلچەرلىشىمىز، مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئەترابلىق ئويلىشىشىمىز، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ دەل جايىدا ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.

ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئەڭ كۈچەۋاتقان ھالقىلىق باسقۇچتا، بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك. پەقەت باشتىن - ئاخىر ئېھتىياتچان، تەلەپچان، ئۈمىدۋار، ئۆزگە ئىشەنمەيدىغان پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتمەي، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىدىغان، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئىرادىنى ئۆزگەرتمەي، سىرتقا چىققاندا ماسكا تاقاش، قولنى يۇيۇپ تۇرۇش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشتەك ياخشى ئادەتنى ئۆزگەرتمەي، ھەر ۋاقىت بوشاشماي، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمىغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن خەلقنىڭ «يۇقۇم»غا قارشى تۇرۇش جېڭىدىكى ھەربىر مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملەپ، چىڭىتىپ، تۇمان تارقىغان، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان گۈزەل باھارنى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ.

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)